## مەركىزىي ھەربىي كومىتېت

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئارمىيە كومىتېت(ياچېيكا)لىرىنىڭ خىزمەت بەلگىلىمىسىنى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** مەركىزىي ھەربىي كومىتېت يېقىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئارمىيە كومىتېت(ياچېيكا)لىرىنىڭ خىزمەت بەلگىلىمىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «بەلگىلىمە» دېيىلدى)نى بېسىپ تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىكلەردىن ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

«بەلگىلىمە» ئارمىيەنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى تۈزۈم سىستېمىسىغا دائىر مۇھىم نىزام. «بەلگىلىمە»دە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ھەربىي كومىتېت ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇش، ئۇرۇش رايونى ئۇرۇش قىلىشقا مەسئۇل بولۇش، ئارمىيە تۈرلىرى ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولۇش ئومۇمىي پىرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پارتىيەنىڭ ئارمىيەگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، دىققەتنى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋر، يېڭى بۇرچ، يېڭى تۈزۈلمە تەلىپىگە پائال ماسلاشتۇرۇلۇپ، مەسىلە يۆنىلىشى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، قىسىم ئەمەلىيىتىدە ئىزدىنىش جەريانىدا شەكىللەندۈرۈلگەن تونۇش نەتىجىلىرى، ئەمەلىيەت نەتىجىلىرى، تۈزۈم نەتىجىلىرى تولۇق قوبۇل قىلىنىپ، تۆۋەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە كومىتېتلىرى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە كومىتېتلىرى، پارتىيە ياچېيكىلىرى خىزمىتى قاتارلىقلار سىستېمىلىق قېلىپلاشتۇرۇلدى.

«بەلگىلىمە»دە پارتىيە نىزامنامىسى تۈپ مىزان قىلىنىپ، يېڭى تۈزۈلمىگە ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا تەشكىلىي ئاپپاراتلار قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، سۇبيېكتنى چۆرىدىگەن ھالدا ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، تەدبىر بەلگىلەش، تەرتىپنى ئەللاشتۇرۇش مېخانىزمى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، بەنزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە يېقىنلاشقان ھالدا مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش تەلىپى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، پارتىيە كومىتېت(ياچېيكا)لىرى خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى ۋە پىرىنسىپى بېيىتىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، پارتىيە كومىتېت(ياچېيكا)لىرىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى كونكرېت قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئوخشاش بولمىغان قاتلام، دەرىجە، ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاپپارات تەسىس قىلىشى، تەشكىللىنىشى ۋە ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى ئىنچىكىلەشتۈرۈلۈپ، ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، تۆۋەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت تۈزۈمى تەڭشەلىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت تۈزۈمى تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇش تۈزۈمى ئەللاشتۇرۇلۇپ، شۇجى ۋە ھەيئەتلەرنىڭ ساپا تەلىپى ۋە ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ ھەم رەھبەرلىك قىلىش، نازارەت قىلىش ۋە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشى تۈپ ئاساس بىلەن تەمىنلەندى.

«بەلگىلىمە»نىڭ بېسىپ تارقىتىلىپ يولغا قويۇلۇشى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەربىي كومىتېت رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئارمىيەنىڭ پارتىيە كومىتېت(ياچېيكا)لىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك كۈچى، تەشكىللەش كۈچى، ئىجرا قىلىش كۈچى ۋە ئىجادچانلىقى، ئۇيۇشۇشچانلىقى، جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنىڭ بۇرچ ـ ۋەزىپىنى ئۈنۈملۈك ئادا قىلىش، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلق ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۈكسەك ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىدە باشتىن ـ ئاخىر توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ساقلاشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، دائىملاشتۇرۇش مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. روھىي ماھىيىتىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، قايتا ـ قايتا ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى، مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە ئىدىيەۋى جەۋھىرىنى ھەققىي ئىگىلەپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىشىگە، ئەمەلىيلىشىشىگە سىجىل تۈرتكە بولۇپ، ئۆگىنىش جەريانىنى ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىش جەريانىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، مەزمۇنى، ۋاستىسىنى بېيىتىپ، تەشۋىقات، لېكسىيەنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ئۆگىنىش، لېكسىيە سۆزلەش، تەربىيەلەش، تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، تەتقىقات ـ مۇھاكىمە پائالىيىتىنى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، «3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئورگانلارغا كىرگۈزۈش، كارخانىلارغا كىرگۈزۈش، يېزىلارغا كىرگۈزۈش، مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش، مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈش، تورغا كىرگۈزۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى ئۆزلۈكسىز مۇجەسسەملەش كېرەك.

تۆتىنچى، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، خىزمەت ئىستىلىنى يەنىمۇ ياخشىلاش كېرەك. ئەمەلىي ئىشلەش يۆنىلىشى تۇرغۇزۇپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، جاسارەت بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، شەكىلۋازلىقتىن، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان ئىلگىرىلەش روھى، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان كۈرەش ھالىتى، ۋەزىيەتكە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان پۇرسەت ئېڭى، پۇختا، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان خىزمەت ئىستىلى بىلەن ئەمەلىي ئىشلەپ، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، ئەمەلىي نەتىجە يارىتىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

بەشىنچى، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يەنىمۇ كۈچەش كېرەك. مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە سىڭىشىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ مىللەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، خەلقنى مەركەز قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق ياخشى سۆزلەپ، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشنى قوللاپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ ئورۇنلار تاپشۇرىدىغان ھەق قىسمىنى كەچۈرۈم قىلدى؛ 2020 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ تىپتىكى كارخانىلاردىن ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ ئورۇنلار تاپشۇرىدىغان ھەق قىسمىنىڭ يېرىمىنى كېمەيتىپ ئالدى. پۈتۈن يىلدا جەمئىي كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى 12 مىليارد 471 مىليون يۈەن، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى 402 مىليون يۈەن، ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسى 503 مىليون يۈەن بولدى.

«بىز ئالاھىدە بېجىرىش، تېز بېجىرىشتە چىڭ تۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە ئىلتىماس ـ تەلىپىگە ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ بىرىنچى ۋاقىتتا نەپكە ئېرىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدۇق.» ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى سۈن جەنشۆ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىز خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز، يۇقۇمنىڭ زەربىسىگە ئېغىر ئۇچرىغان ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ 11 مىليارد 584 مىليون يۈەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى كېمەيتىپ ۋە كەچۈرۈم قىلىپ، سىياسەتنىڭ دەل جايىدا بولۇشىنى تولۇق نامايان قىلىپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان كارخانىلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىكلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش، بىۋاستە نەپكە ئېرىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

بۇلتۇر، ئاپتونوم رايونىمىز يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارىتىدە ئېغىر قىيىنچىلىق كۆرۈلگەن كارخانىلارغا قارىتا، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى تاپشۇرۇشنى 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە كېچىكتۈردى، كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش مەزگىلىدە كېچىكتۈرگەنلىك پۇلىنى كەچۈرۈم قىلدى. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇرۇشتا قىيىنچىلىقى بار يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر، جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ھەق تاپشۇرۇشنى ۋاقتىنچە كېچىكتۈرسە، 2021 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن تولۇقلاپ تاپشۇرسا بولىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان «تەكلىپ»دە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپى، ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق يېڭىچە يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىش كېرەك. بۇ، كوپېراتىپىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، يەنە يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، مېنىڭ داۋاملىق كوپېراتىپتا ئىشلىگۈم ھەم پاختا يىغىش ماشىنىسى ھەيدەشنى ئۆگەنگۈم بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، كەنتتە شاگىرت تەربىيەلەپ، كۆپچىلىكنى ماڭا ئوخشاش تېخنىكىغا تايىنىپ پۇل تېپىپ بېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن.

**(ئانار بۇلۇتى\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ئايشەمگۈل ئابلا رەتلىگەن)**

---

# يول ئۇزۇن، كۈرەش داۋاملىشىدۇ

—— رەئىس شى جىنپىڭنىڭ 2021 ـ يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىنىڭ ئىلھامى بىلەن⑤

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«يول ئۇزۇن، كۈرەش داۋاملىشىدۇ.» 2021 ـ يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە، رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق شانلىق مۇساپىسىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئەسلەپ، بىز كۈرەش قىلىش ئارقىلىق تۇسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، تاغ ـ دەريالارنى بېسىپ ئۆتتۇق، بىز يەنە داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىشىمىز كېرەك! دەپ چوڭقۇر كۆرسىتىپ بەردى.

2021 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى. 100 يىلدىن بۇيان، ۋەتەن زېمىنى داۋالغۇپ تۇرغان كرىزىسلاردىن قۇتۇلۇپ، ئىس ـ تۈتەك قاپلىغان ئۇرۇشلاردا تاۋلىنىپ، قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرغان قۇرۇلۇش داۋامىدا قەد كۆتۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنىدا زورايدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى يۈز مىليونلىغان خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەر ئۈستىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ، تارىخ سەھىپىسىدە چاقناپ تۇرىدىغان ئالەمشۇمۇل مۆجىزىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشىنى كۈتۈۋالدى. رەئىس شى جىنپىڭ چوڭقۇر خۇلاسىلەپ مۇنداق دېدى: «شاڭخەيدىكى شىكۇمېندىن جياشىڭدىكى نەنخۇغىچە، بىر كىچىك قىزىل كېمە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى، مىللەتنىڭ ئۈمىدىنى زىممىسىگە ئېلىپ، جىددىي ئېقىن، خەتەرلىك ساھىللاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، دەھشەتلىك دولقۇنلاردىن كېسىپ ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشقا يول باشلايدىغان ھەيۋەتلىك چوڭ پاراخوتقا ئايلاندى».

100 يىللىق مۇساپە قاينام ـ تاشقىنلىققا تولدى، 100 يىللىق ئەسلىي مەقسەت ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مۇستەھكەملەندى. 100 يىلدىن بۇيان، پارتىيەمىز كۆرسەتكەن بارلىق تىرىشچانلىقلار، ئېلىپ بارغان بارلىق كۈرەشلەر، بەرگەن بارلىق قۇربانلىقلارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ بەختى ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بولدى. دەل مۇشۇ ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى باشتىن ـ ئاخىر چىڭ ساقلىغاچقا، پارتىيەمىز ئاندىن ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدىمۇ تەرەققىي قىلىپ زورىيالىدى، ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالغا يولۇققاندىمۇ قاتمۇقات مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتەلىدى، ھالدىن كېتىپ ئوڭۇشسىز ئەھۋالدا قالغاندىمۇ كەسكىنلىك بىلەن غەيرەتكە كېلەلىدى. ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن 2020 ـ يىلى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە، ئىنتايىن ئالاھىدە بىر يىل بولدى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، بىز خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدىكى چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئىزھارلاپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تارىخىي داستانىنى پۈتتۇق؛ بىز ئېغىر نامراتلىق قورغىنىغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ، يېڭىش ئەڭ تەس بولغان «قاتتىق قىيىنچىلىق»نى يەڭدۇق، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان جۇڭخۇا مىللىتىنى قىين ئەھۋالدا قويۇۋاتقان مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدى ھەم داۋاملىق ئىسپاتلايدۇكى، خەلقنى باشتىن ـ ئاخىر كۆڭلىگە پۈكۈپ، خەلق مەنپەئىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ئاڭلىق ھالدا خەلق ئويلىغاننى ئويلاپ، خەلق بىلەن بىللە ئىشلىسەكلا، بىز چوقۇم خەلققە تايىنىپ بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، يېڭى دەۋردىكى شانلىق سەھىپىنى يارىتالايمىز.

ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈكۈش دەل 100 يىللىق سالاپەت. «ئىككى 100 يىل»لىق تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرغاندا، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلاندى، ئىشەنچىمىز ھەسسىلەپ ئاشتى، قەدىمىمىز مۇستەھكەم بولدى. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىن زامانىۋىلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشقىچە، يەنە ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشقىچە بولغان جەريان يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى، بىزنىڭ كۈرەش قىلىش كوردىناتىمىز. سوتسىيالىزم ئىشلەش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن، يېڭى دەۋر كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن. يېڭى مۇساپىنى باشلاپ، يەلكەن چىقىرىپ قايتا ئاتلىنىشتا، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىقى، خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، خەلقنىڭ بەختىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان 100 يىللىق جاپا ـ مۇشەققەتلىك مۇساپىسىنى ئېسىمىزدە جەزمەن چوڭقۇر، چىڭ ساقلاپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئۆزىنى بېغىشلاش روھى، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىدىغان جان تىكىپ ئىلگىرىلەش روھى، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان چىدامچانلىق روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولىدىغان، مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىدىغان سەگەك كاللىنى مەڭگۈ ساقلاپ، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقمايدىغان، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش چىدامچانلىقىنى مەڭگۈ ساقلىشىمىز كېرەك. بىز خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى مەڭگۈ ساقلاپ، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەلق ئۈچۈن مەڭگۈ كۈرەش قىلىپ، دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، يەلكەن چىقىرىپ يىراققا يۈرۈش قىلالساقلا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى جەزمەن ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

تارىخ كەلگۈسىنى يورۇتىدۇ، سەپەرنىڭ ئاخىرقى چېكى بولمايدۇ. پارتىيە رەھبەرلىكى بارلىق قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ ـ خەتەرنى يېڭىشتىكى «كۈچلۈك مۇقىملاشتۇرغۇچ»، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ گۈللەپ روناق تېپىشىنىڭ تۈپ ئاساسى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتى، خاتىرجەملىكىنىڭ تۈپ ئاساسى. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقى چوقۇم جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش ھالىتى، بوران ـ چاپقۇنمۇ توسىيالمايدىغان روھىي ھالەت بىلەن، كىشىلەر يېڭىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان جاھان مۆجىزىلىرىنى داۋاملىق يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت شانلىق نىشانغا قاراپ داۋاملىق كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئاتلىنىدۇ!

**(«خەلق گېزىتى»نىڭ 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى سانىغا بېسىلغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئاشلىقتىن باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىش»نىڭ ئالدى ئېلىنىپ، تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلەش بىلەن تولۇقلاشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش قېلىپلاشتۇرۇلدى. 2020 ـ يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتىن مول ھوسۇل ئېلىنىپ، بۇغداي ئومۇمىي ھوسۇلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 336 مىڭ توننا ئېشىپ، ئوزۇقلۇق ئاشلىقنىڭ مۇتلەق بىخەتەر بولۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئىگىلىنىشچە، قىش كىرىشتىن بۇرۇن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار كۈزلۈك بۇغداي تېرىشتىن بۇرۇنقى تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى بالدۇر ئورۇنلاشتۇرۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ ئازىيىپ كەتمەسلىكى، ھوسۇلنىڭ تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلغان. ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك، يېزا تارماقلىرى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتىدە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ رايون ھالقىپ مەشغۇلات قىلىش تەييارلىق خىزمىتىنى بالدۇر پىلانلاپ، دېھقانلارنى تېرىقچىلىق مەزگىلىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي كۈزگى بۇغداي تېرىشنى چىڭ تۇتۇشقا يېتەكلەپ، ئۇرۇقلۇق بۇغداي، خىمىيەۋى ئوغۇت قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلغان.

بۇ يىل، شىمالىي شىنجاڭ رايونى ئاساسىي دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى ئالدى بىلەن بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىشكە نۇقتىلىق كاپالەتلىك قىلىپ، ئاشلىق كۆپەيتىپ ئىشلەپچىقىرىشنى يېتەكچى قىلغان تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئالغا سىلجىتىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى باغۋەنچىلىك بىلەن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، بۇغداينى ئىمكانقەدەر ئاق يەر ۋە يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىزغا تېرىپ، پۈتۈن جەريانىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ، ماشىنىلاشتۇرۇپ، بىرلىك ھوسۇل سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ھەم كەسىپ تەرەققىياتىنى يۆلەش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھازىرقى تېرىلغۇ يەرنىڭ مۇنبەتلىكىنى قوغداش ياردەم تولۇقلىمىسى سىياسىتى ئاساسىدا، ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل، تۆۋەن باھالىق سۇغۇرتا، سۇ ئىشلىتىش ھەم يېڭى ئىگىلىك ماشىنىلىرى ياردەم تولۇقلىمىسىغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق ھالقىلاردىكى ئالاھىدە سىياسەت ئارقىلىق قوغداش تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاشلىق تەرەققىياتىنى قوللايدىغان بىر يۈرۈش سىياسەت بىرىكمە مۇشتىنى ياخشى ئېتىپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوغداپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياغزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)